


ئىزوپ مەسەللىرى

# تۈلكىنىڭ مېھمان چاقىرىشى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئىزوپ مەسەللىرى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

ISBN 978-7-228-08334-3

9 787228 083343 >

定价:2.50元

# تۈلكىنىڭ مېھمان چاقىرىشى

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب شىنجاڭ نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ئىبراھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# تۈلكىنىڭ مېھمان چاقىرىشى

ئاپتورى: ئىزوپ (يۇنان)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئازات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 1.5
2003 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5,001—10,000
ISBN 978-7-228-08334-3
باھاسى: 2.50 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

狐狸请客/(古希腊)伊索著；阿里木江·阿扎提译.
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.9（2007.3 重印）
（伊索寓言选）
据沈阳出版社2000年6月第1版2001年3月第2次印刷本选译
ISBN 978 - 7 - 228 - 08334-3

Ⅰ.狐... Ⅱ.①伊...②阿...Ⅲ. 寓言—作品集—古希腊—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I545.74

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第085820号

责任编辑： 艾合买提·伊明
责任校对： 塞娜瓦尔·伊不拉音
封面设计： 艾克白尔·萨力

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
787×1092毫米 32开本 1.5印张
2003年9月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：5,001—10,000

---

ISBN 978 - 7 - 228 - 08334-3 定价2.50元

# ئېيىق بىلەن تۈلكە

ئېيىق مېھىر - شەپقەتلىكمەن، دەپ ئۆزىنى ماختاپ تۈلكىگە مۇنداق دەپتۇ:

— شۇنچىۋالا كۆپ ھايۋانلار ئىچىدە، پەقەت مەنلا ئىنسانلارغا ھۆرمەت قىلىمەن، مېھرىبانلىقىمدىن ھەتتا ئۇلارنىڭ جەسىتىگىمۇ چېقىلمايمەن.

بۇنى ئاڭلىغان تۈلكە كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسلىي سەن تىرىك ئادەملەرنى يېمەي، ئۆلۈك ئادەملەرنى يېگەن بولساڭ تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى.





# كەپسىز ئېشەك

بىر ئېشەك ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ قالايمىقان سەكرىگىلى تۇرۇپتۇ ھەمدە نۇرغۇن كاھىشلارنى دەسسەپ چۇل - چۇل قىلىۋېتىپتۇ. ئىگىسى دەرھال يۇگۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەپ چۈشۈپتۇ. ئېشەك قاتتىق ئازار يېگەن ھالدا:

— تۈنۈگۈن مايمۇن ئۆگزىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىسا، ھەممىڭلار خۇش بولۇپ كەتكەنتىڭلار، ماڭا ئەجەب بۇنداق مۇئامىلە قىلىۋاتىسىلەرغۇ؟ — دەپتۇ.



# ئادەم بىلەن يىلان

يىلان بىر بوۋاقنى چىقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بوۋاقنىڭ دادىسى يىلاندىن قىساس ئالماقچى بولۇپ، يىلان كىرىۋالغان تۆشۈكنىڭ ئاغزىدا پالتىسىنى تۇتقىنىچە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. يىلان چىقىشىغىلا ئۇ بىر چانىغانىكەن، يىلاننىڭ بېشى ئۈزۈلمەي، قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، يىلانمۇ شۇ ھامان قېچىپ تۆشۈككە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ تۇيدۇرماستىن چىقىپ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ ـ دە، ياردشىپ قېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا يېمەكلىك سۇنۇپ بېرىپتۇ. لېكىن، يىلان رەت قىلىپ:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مەن ئۈزۈلۈپ كەتكەن قۇيرۇقۇمنى ئۇنتۇيالمايمەن، سەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەن بالاڭنى ئۇنتۇيالمايسەن، — دەپتۇ.



# ئاغرىپ قالغان بۇغا

بىر بۇغا ئاغرىپ قېلىپ، چۆپلۈكتە يېتىپ ئارام ئاپتۇ. باشقا بۇغىلار ئۇنى يالغاندىن يوقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئەتراپتىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ تۈگىتىۋېتىپتۇ. بۇغا ساقىيىپ قالاي دېگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەتراپىدا يېگۈدەك ئوت ـ چۆپ بولمىغاچقا، ئاچلىقتىن ئېچىنىشلىق هالدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.



# مۇشۇك بىلەن قۇش

بىر ئۇۋىدا ياشايدىغان بىر توپ قۇش تەڭلا ئاغرىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇشۇك دوختۇر سىياقىدا ياسىنىپ ئۇلارنى يوقلاپ بېرىپتۇ. ئۇ ئىشىكنى چېكىپ تۇرۇپ، قۇشلارغا:

— سالامەتلىكىڭلار قانداقراق؟ بىئارام بولۇۋاتقان بولساڭلار، مەن كۆرۈپ باقاي، داۋالىغانغا ھەق ئالمايمەن، — دەپتۇ. بىراق، ئۇۋىدىكى قۇشلار ئۇنىڭ بۇ شېرىن - شېكەر گەپلىرىگە ئالدىنىپ كەتمەستىن:

— بىز ھەممىمىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، سەن بىزدىن يىراقراق تۇرساڭلا، بىزنىڭ سالامەتلىكىمىزدىن ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ، — دەپتۇ.



# شىر ، چاشقان ۋە تۈلكە

يازنىڭ تىنچىق ھاۋاسىدا ماغدۇرسىزلانغان شىر ئۆڭكۈرىدە ئۇخلاۋاتقانىكەن ، بىر كىچىك چاشقان ئۇنىڭ يېنىدا كىتىر - كىتىر مېڭىپ يۈرۈپ شىرنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. غەزەپلەنگەن شىر ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ خېلى قوغلاپ باققان بولسىمۇ تۇتالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە ھەيران بولۇپ:

— سەن بىر شىر تۇرۇپ، ئاشۇ كىچىككىنە چاشقاندىن قورقامسەن ؟ — دەپ سورىغانىكەن ، شىر :

— ئۇنىڭدىن قورقىنىم ئەمەس ، ئۇ بۇ-دۇشقاقتەك يېنىمغىلا كېلىۋالغاچقا ، ئىچىمنى بەك پۇشۇرۇۋەتتى ! — دەپتۇ .



# ساپال كومزەك بىلەن مىس كومزەك

ساپال كومزەك بىلەن مىس كومزەك تەڭلا سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ساپال كومزەك مىس كومزەككە:

—ماڭا يېقىن كەلمە، ماڭا تېگىپ كەتسەڭلا، مەن پارە - پارە بولۇپ سۇغا چۆكۈپ كېتىمەن، شۇڭا يىراقراق تۇر، — دەپتۇ.



# بۆرە بىلەن قوي

قوي بۆرە بىلەن يارىشىپ قالماقچى بولۇپ:

— بىز نېمىشقا ئىناق ئۆتمەيمىز؟ — دەپتىكەن، بۆرە:

— مېنىڭغۇ خويمۇ ئىناق ئۆتكۈم بار، لېكىن، سىلەرنى قوغداۋاتقان ئىت مېنى يېقىن كەلتۈرمەيۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىتنى قوغلىۋەتسەڭلا، مەن سەن بىلەن مەڭگۈ دوست بولۇپ ئۆتىمەن، — دەپتۇ. قوي ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئىتنى دەرھال قوغلىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە، بۆرە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قويلارنىڭ ھەممىسىنى يەۋېتىپتۇ.



# بۆرە بىلەن ئۆچكە

بىر ئۆچكە بىر بۆرىنىڭ ئۆڭكۈر ئالدىدا يارلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قاپتۇ ھەم ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— ماڭا ئازراق سۇ ئەكېلىپ بەرسەڭ بوپتىكەن، شۇنىڭدىلا تېز ئەسلىمگە كېلىۋالاتتىم، — دەپتۇ. ئۆچكە ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئۇ چاغدا مەن ساڭا يەم بولۇپ كەتمەمدىمەن، — دەپتۇ.



# ئىت چىشلىۋالغان ئادەم

بىر ئادەمنى ئىت چىشلىۋالغانىكەن، تە-
رەپ - تەرەپكە قاتراپ ئۆزىگە دورا ئىزدەپتۇ.
يوقلاپ كەلگەن بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ئەقىل
ئۆگىتىپتۇ:

— ياراڭغا بىر بولكىنى بېسىپ، ئاندىن
ئۇنى سېنى چىشلىۋالغان ئىتقا يېگۈزۈۋەت، —
دەپتۇ. يارىلانغان ھېلىقى ئادەم:

— بەللى، بۇنداق قىلسام شەھەردىكى ھەممە
ئىت مېنى چىشلىگىلى كېلىۋالمامدۇ! —
دەپتۇ.



# ياۋا ئېشەك بىلەن شىر

ئوزۇقلۇقنى تېخىمۇ تېز ھەم ئاسان قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، شىر بىلەن ياۋا ئېشەك ئۆزئارا ھەمكارلىق توختىمى تۈزۈپتۇ. ياۋا ئېشەك يۈگۈرۈك، شىر كۈچلۈك بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا كۆڭۈلدىكىدەك ئوزۇقلۇققا ئېرىشىپتۇ. شىر ئۇنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپتۇ ھەمدە ياۋا ئېشەككە مۇنداق دەپتۇ:

— بىرىنچىسىنى مەن ئالاي، چۈنكى مەن ھايۋانات پادىشاھى؛ ئىككىنچىسىمۇ مېنىڭ بولسۇن، چۈنكى ئۇ مېنىڭ نېسىۋەم. ئۈچىنچىسىگە كەلسەك، ئۇنى ئىككىمىز تالىشىپ باقايلى. لېكىن سەن دەرھال كېتىۋالمىساڭ، مېنىڭ تۆتىنچى ئوزۇقلۇقۇمغا ئايلىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن.



# ئاغرىپ قالغان تازقارا

ئاغرىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بىر تازقارا ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— قايغۇرمىغىن، مەن ئىلاھلارغا ئىلتىجا قىلىپ باقسام، ئۇلار ئۆمرۈمنى ئۇزارتىپ قويۇ-شى مۇمكىن، — دەپتىكەن، ئانىسى بېشىنى چايقاپ:

— ھەي بالام، سەن كىشىلەرنىڭ ئىلاھلارغا ئاتىغان نۇرغۇن نەزىرلىكلىرىنى ئوغرىلىۋالغان تۇرساڭ، ئاشۇ ئىلاھلار ئەمدى ساڭا ئىچ ئاغرى-تارمۇ؟ — دەپتۇ.



# شىر بىلەن ياۋا چوشقا

ھاۋا تونۇردەك قىزىغان بىر كۈنى، شىر بىلەن ياۋا چوشقا قۇدۇق بويىغا سۇ ئىچكىلى بېرىپتۇ ھەمدە «مەن باشتا ئىچىمەن» دېسە «مەن باشتا ئىچىمەن» دەپ تالىشىپ، سوقۇشۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئارىلىقتا بىرئاز دەم ئېلىۋېلىپ، يەنە سوقۇشماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بىر توپ قۇزغۇننىڭ ئۇلاردىن قايسىسى ئۆلسە شۇنى يېمەكچى بولۇپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، سوقۇشۇشتىن يالتىيىپتۇ ھەمدە «بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قۇزغۇنلارغا يەم بولغاندىن كۆرە، ئىناق دوستلاردىن بولۇپ ئۆتكىنىمىز ياخشى ئەمەسمۇ» دېيىشىپتۇ.



# ئۈچ ھۈنەرۋەن

بىر شەھەرگە دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كىرمەكچى بوپتۇ. شەھەردىكى پۇقرالار شەھەرنى قانداق ساقلاپ قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىپتۇ. بىر خىشچى: «خىشتىن سېپىل ياسايلى» دەپتۇ، بىر ياغاچچى: «دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشتە ياغاچ ئەڭ ياخشى ماتېرىيال» دەپتۇ. بىر كۆنچى ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي:

— مېنىڭچە، خۇرۇم ھەممىدىن مۇۋاپىق، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، — دەپتۇ.







# شىر بىلەن بۇقا

ئۈچ بۇقا يايلاقتا ئوتلاۋاتقانىكەن، بىر شىر كېلىپ ئۇلارنى يېمەكچى بوپتۇ. بىراق، ئۇ ئۈچ بۇقىغا ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوي-لاپ، يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىپتۇ، ئاندىن قىلچە ئىككىلەنمەيلا ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يەۋېتىپتۇ.



# ئىككى يولۇچى بىلەن پالتا

ئىككى يولۇچى سەپەرگە كېتىۋاتقاندا، ئارىسىدىكى بىرى بىر دانە پالتا تېپىۋاپتۇ ھەمدە:

— مەن پالتا تېپىۋالدىم، — دەپتۇ. يەنە بىرى خاپا بولۇپ:

— دوستۇم، پالتىنى سەن ئەمەس، بەلكى بىز تېپىۋالدۇق، — دەپتۇ.

ھايال ئۆتمەيلا، پالتىنىڭ ئىگىسى قوغلاپ كەپتۇ. پالتىنى تېپىۋالغان ھېلىقى ئادەم:

— ئەمدى بالاغا قالىدىغان بولدۇق، — دەپ-تىكەن، يەنە بىرى دەرھال تۇزىتىش بېرىپ:

— ئەمدى بالاغا قالىدىغان بولدۇم، دېگىن، — دەپتۇ.



# قېرىپ قالغان شىر

قېرىپ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان شىر يولنىڭ بويىدا يېتىپ ئارام ئاپتۇ. ئۇنى بايقاپ قالغان ياۋا چوشقا ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى چىشلىۋاپتۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆچىنى ئاپتۇ؛ شىرنىڭ رەقىبى ياۋا كالىمۇ ھايال ئۆتمەي پەيدا بولۇپ، مۈڭگۈزى بىلەن شىرنى قاتتىق ئۇسۇۋېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر ئېشەك كېلىپ قاپتۇ ھەمدە شىرنىڭ ئۆلۈكتەك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرنى تېپىپتۇ. شىر ئۆلۈش ئالدىدا ئاھ ئۇرۇپ:

— ياۋا چوشقا، ياۋا كالىدەك كۈچلۈك رەقىبلىرىمگىغۇ ئامال يوق، بىراق بىر قوتۇر ئېشەكنىڭمۇ مېنى ھاقارەتلىگىنى ھەممىدىن ئېغىر كەلدى! — دەپتۇ.



# ئوغرى بىلەن خوراز

بىرنەچچە ئوغرى بىر ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىپ ھېچنېمە تاپالماپتۇ ھەمدە بىر خورازنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. خوراز ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا جېنىنى تىلەپ، ئۆزىنىڭ تاڭ يورۇماستا كىشىلەرنى ئىش ـ ھەرىكەتكە چاقىرىپ ئۇلارغا پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئوغرىلار ئۇنىڭغا:

— دەل شۇنداق بولغاچقا سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەك بولمايدۇ، چۈنكى سەن كىشىلەرنى ئويغىتىپ، بىزنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىمىزغا يول قويمايسەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.



# شىر، ئېيىق ۋە تۈلكە

شىر بىلەن ئېيىق بىر قوزىچاقنى تۇتۇۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ. سوقۇ- شۇۋېرىپ ھەر ئىككىلىسى ھالىدىن كېتىپتۇ- دە، يېتىپ قاپتۇ. شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگەن تۈلكە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قوزىچاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ قېچىپتۇ. شىر بىلەن ئېيىق تۈلكىنى كۆرۈپتۇيۇ، ئەمما ئورۇنلىرىدىن تۇرالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى تەڭلا:

— بىز خاتا قىپتۇق، سوقۇشمىغان بولساق، تۈلكە ھەرگىز پايدا ئالالمىغان بولاتتى، — دې- يىشىپتۇ.



# تۆلكىنىڭ مېھمان چاقىرىشى

تۆلكە تۇرنىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئالدىغا يوغان ھەم تېيىز تاۋاقتا پۇرچاق شورپىسىنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. تۇرنا ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن شورپىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىچەلمەپتۇ، بۇ تۆلكىگە ئويۇن بولۇپ بېرىپتۇ. ئەتىسى، تۇرنا تۆلكىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ ھەمدە يېمەكلىكنى ئۇزۇن بويۇنلۇق بوتۇلكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، تۆلكىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپتۇ. تۆلكە بوتۇلكىنىڭ ئىچىدىكى يېمەكلىكنى ھەرقانداق قىلىپمۇ يېيەلمەي تازا قىينىلىپتۇ.





# ئېشەك سېتىۋېلىش

بىر ئادەم ئېشەك سېتىۋالماقچى بوپتۇ ھەمدە بىر ئېشەكنى ئېلىپ سىناپ بېقىش ئۈچۈن يې-تىلەپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ - دە ، ئېغىلدىكى ئې-شەكلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئېشەك گېلىغا ئامراق ھورۇن بىر ئېشەكنىڭ قېشىغا بېرىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھېلىقى ئادەم بۇ ئې-شەكنى ئۇدۇل ئاپىرىپ ئەسلىي ئىگىسىگە تاپ-شۇرۇپ بېرىپتۇ. ئېشەكنىڭ ئىگىسى:

—مۇشۇنداق سىنىسىڭىز بولامدۇ؟— دەپتىكەن، خېرىدار:

—قايتا سىناشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. مې-نىڭچە، ئۇنىڭ تاللىغان دوستىغا قارىغاندا، ئۇ-نىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق نەرسە، — دەپتۇ.



# بۇركۇت بىلەن تۇلكە

بۇركۇت بىلەن تۇلكە قوشنا ئىكەن. بۇركۇت باللىرى بىلەن دەرەخ شېخىدىكى ئۇۋۇسىدا تۇرىدىكەن، تۇلكە بىلەن ئۇنىڭ باللىرى بولسا دەرەخنىڭ ئاستىدىكى ئۇۋۇسىدا تۇرىدىكەن. بىر كۇنى تۇلكە سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، بۇركۇت ئۇنىڭ باللىرىنى يەۋېتىپتۇ. تۇلكە ئۆچ ئالىدىغانغا پۇرسەت كۇتۇپتۇ. بىر كۇنى بۇركۇت تىلاۋەتخانىدىن بىر پارچە گۆشنى ئوغرىلاپ كەپتۇ. بىراق، گۆشتە قىزىق تۇتەپ تۇرغاچقا، شامالنىڭ تەسىرىدە يالقۇنغا ئايلىنىپ دەرەخكە تۇتىشىپتۇ. بۇركۇتنىڭ باللىرى يەرگە چۇشۇپ ئۆلۇپتۇ، تۇلكىمۇ ھېچقانداق كۇچىمەيلا ئۇلارنى يەۋېتىپتۇ.





# ئىت، خوراز ۋە تۈلكە

ئىت بىلەن خوراز ئىناق قوشنىلاردىن ئىدىكەن، خوراز دەرەخنىڭ شېخىدا، ئىت دەرەخ كامىرىدا تۇرىدىكەن. ئاچ قالغان بىر تۈلكە خورازنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، رايىش قىياپەتكە كىرىۋېلىپ:

—پەسكە چۈشكىن، ئىككىمىز دوست بولۇپ قالايلى، — دەپتۇ.

ئۇنىڭ نىيىتىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان خوراز:

—بولىدۇ، سەن دەرەخ كامىرىنى چەككىن، خىزمەتكارىم سېنى بۇ يەرگە باشلاپ چىقسۇن، — دەپتۇ.

تۈلكە دەرھال بېرىپ دەرەخ كامىرىنى چېكىپتىكەن، ئىت ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.



# بۆرە بىلەن ئات

ئېتىز تەرەپتىن كەلگەن بۆرە بىر ئاتنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا:

— مەن بىلەن ئېتىزلىقتا بارغىن، مەن ئۇ يەردە نۇرغۇن ئارپىنى سېنى يېسۇن دەپ ساقلاپ قويغانىدىم، — دەپتۇ. ئات ئۇنىڭغا:

— مەن ئارپىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سەن مېنى يېمەكچى شۇنداققۇ؟ — دەپتۇ.



# يىلپىز بىلەن مالچىلار

بىر يىلپىز ئېھتىياتسىزلىقتىن ئورەككە
چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مالچىلاردىن
ئۇنىڭغا ئۆچلىرى تاش ئېتىپتۇ، ئۇنىڭغا ئىچى
ئاغرىغانلىرى يېمەكلىك تاشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار
بۇ يىلپىزنى بىر كېچىدىلا ئۆلۈپ قالىدۇ، دەپ
ئويلىغانىكەن. بىراق، ئەتىسى يىلپىز قۇۋۇد-
تىگە كېلىپ، ئورەكتىن سەكرەپ چىقىپتۇ
ھەمدە مالچىلارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. مالچىلار
ئۇنىڭدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلىگەنىكەن،
يىلپىز:

— كىمنىڭ تاش ئاتقىنى، كىمنىڭ يېمەك-
لىك تاشلاپ بەرگىنى ماڭا بەش قولدەك ئايان.
مەن پەقەت تاش ئاتقانلارنىڭلا جېنىنى ئال-
مەن! — دەپتۇ.



# شىر بىلەن تۈلكە

شىر بىلەن تۈلكە ھەمكارلىشىپ ئوۋ ئوۋلاي-
دىكەن، تۈلكە ياۋايى ھايۋانلارنى تېپىپ بەرسە،
شىر بېرىپ قولغا چۈشۈرىدىكەن. ئۇلار ئولجىنى
قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە
قاراپ تەقسىم قىلىدىكەن. كېيىن، تۈلكە
شىرنىڭ نېسىۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن قىزغى-
نىپ، شىرغا ياۋايى ھايۋانلارنى تېپىپ بەرمەي،
ئۆزى بېرىپ تۇتۇش قارارىغا كەپتۇ. بىر كۈنى ئۇ
بىر قوي قوتىنىغا كىرىشىگىلا، ئوۋچىنىڭ
قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ.







# مېكىيان ۋە يىلاننىڭ تۇخۇمى

مېكىيان چۆپلۈكتىن بىر زەھەرلىك يىلاننىڭ تۇخۇمىنى تېپىۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى ئۇۋىسىغا ئېلىپ بېرىپ، يىلان بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيىلەپ چوڭ قىلماقچى بوپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر قارلىغاچ كېلىپ، ئۇنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ:

— بۇ تۇخۇمدىن بىر زەھەرلىك يىلان چىقىدۇ، سەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە مېھرىبانلىق كۆرسەتكىنىڭ بىلەنمۇ، ئۇ سېنى ھامان چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ.



# تۈلكە بىلەن تىكەن

ئېگىز قاشاغا يامىشىپ چىقىۋاتقان تۈلكە تېيىلىپ كېتىپ پەسكە غۇلاپ چۈشۈشكە قىل قاپتۇ ـ دە، بىر تۈپ تىكەنگە ئېسىلىۋاپتۇ. بىراق، تىكەن ئۇنىڭ ئالىقىنىغا سانجىلىپ، قاتتىق ئاغرىتىۋېتىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن سەندىن ياردەم تەلەپ قىلىۋاتسام، نېمە قىلغىنىڭ بۇ! — دەپتىكەن، تىكەن:

— كەچۈرگىن، مېنىڭ كۆرگەنلا نەرسىگە سانجىلىدىغان ئادىتىم بار، — دەپتۇ.



# قاغا بىلەن ئۆچكە

بىر قاغا ئۆچكىنىڭ دۈمبىسىگە قونۇۋېلىپ، ئۇنى بىر نەچچىنى ئايلىنىشقا بۇيرۇپتۇ، ئۆچكە نائىلاج ماقۇل بوپتۇ ھەمدە ئاخىردا غەزىپىنى باسالماي:

— ناۋادا مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولغان بولساڭ، ئاللىبۇرۇن كۆرگىلىكىڭنى كۆرەتتىڭ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قاغا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە:

— مەن ئۇنچىۋالا دۆت ئەمەس، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، كۈچلۈكلەرگە ياخشىچاق بولۇش مېنىڭ ئەڭ ياخشى ھۈنىرىم! — دەپتۇ.



# كەكلىك بىلەن ئوۋچى

ئوۋچى بىر كەكلىكنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ يېمەكچى بوپتۇ. كەكلىك ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— مېنى ئامان قويساڭ، شەپقىتىڭنى ياددۇرۇش ئۈچۈن ھەمراھلىرىمنى ساڭا تۇتۇپ بېرىشكە رازىمەن، — دەپتۇ.

ئوۋچى مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ھۇ ۋىجدانسىز مەخلۇق! ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەمراھلىرىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىشتىن يانمايدىغان سېنىڭدەك نېمىنى مەن ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن.



# بۆرە بىلەن مالچى

بۆرە قوي پادىسىغا ئەگىشىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھېچبىر يامانلىق قىلماپتۇ. مالچى دەسلىپىدە ئۇنىڭدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇنى «خەۋپلىك ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلاپتۇ. بىر كۈنى مالچى ئىش بىلەن شەھەرگە كىرمەكچى بوپتۇ ـ دە، قويلارنى بۆرىگە تاپشۇرۇپ قويۇپتۇ. قايتىپ كېلىپ قارىسا، بۆرە نۇرغۇن قويلارنى يەۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇشايمان قىلىپ:

—بۆرە دېگەن قويلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى تۇرسا، نېمىشقىمۇ قويلارنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قويغاندىمەن؟ — دەپتۇ.



# بۇغا، بۆرە ۋە ئۆچكە

بۇغا ئۆچكىدىن بۇغداي ئۆتنە ئالماقچى بوپتۇ ھەمدە:

—خاتىرجەم بول، چوقۇم ۋاقتىدا قايتۇرىمەن، بۆرە ماڭا كېپىل بولالايدۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆچكە شۇ ھامان رەت قىلىپ:

—كەچۈرگىن، بۆرە ئىشەنچسىز مەخلۇق، سەن بولساڭ مەندىن تېز يۈگۈرەيسەن، زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا مەن بولۇپ قالىمەن، — دەپتۇ.





# ئىت بىلەن ياۋا توشقان

ئوۋ ئىتى بىر ياۋا توشقاننى قوغلاپتۇ ھەمدە ئۇنى بىردەم چىشلەپ، بىردەم ئەركىلىتىپ ئارامدا قويماپتۇ. سەۋر - تاقىتى توشۇپ كەتكەن ياۋا توشقان ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

—سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ ئەگەر مېنى دوست قاتارىدا كۆرگەن بولساڭ، نېمىشقا چىشلەيسەن، دۈشمەن قاتارىدا كۆرگەن بولساڭ، نېمىشقا ئەركىلىتىسەن؟



# دېھقان بىلەن يىلان

بىر قىش كۈنى، دېھقان يولدا كېتىۋېتىپ، بىر يىلاننىڭ توڭلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قوينىغا سېلىۋاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، يىلان ئۇنىڭ قوينىدا ئىسسىپ ھوشىغا كەپتۇ. ئۇ دېھقانغا رەھمەت ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنى چېقىۋاپتۇ. دېھقان جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خاتا ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئاندىن ھېس قىپتۇ.



# ئېشەك، تۈلكە ۋە شىر

ئېشەك بىلەن تۈلكە ياخشى دوست ئىكەن. بىر كۈنى، ئۇلار ئورمانلىقتا ئوزۇق تاپقىلى بېرىپ، شىرغا يولۇقۇپ قاپتۇ. تۈلكە شىرغا ئاستا پىچىرلاپ:

— ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن ساڭا ئېشەكنى تۇتۇپ بېرەي، — دەپتۇ. شىر يالغاندىن ماقۇل بوپتۇ. تۈلكە ئېشەكنى چوڭقۇر بىر ئورەكنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. شىر ئېشەكنىڭ ئورەككە سولىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، تۈلكىنىمۇ كاپپىدە قىلىپ تۇتۇۋاپتۇ.



# دېڭىز دېلفىنى، كىت ۋە سېلد بېلىقى

دېڭىز دېلفىنى بىلەن كىت ئۆزئارا سوقۇ-
شۇپ قاپتۇ. ئۇلار تازا ئەۋجىگە چىققان چاغدا،
بىر سېلد بېلىقى كېلىپ:

— بولدى ئۇرۇشماڭلار، مەن سىلەرنى يا-
راشتۇرۇپ قوياي، — دەپتىكەن، دېڭىز دېل-
فىنى:

— بىز ئۇرۇشۇپ ئۆلۈشكە رازىمىزكى،
سېنىڭ ئاقسا قاللىق قىلىشىڭنى خالىمايمىز، —
دەپتۇ.



# قۇشقاچلارنىڭ يىغىن ئېچىشى

قۇشقاچلار ئىنسانلارنىڭ ئۇستىدىن دادلاپ يىغىن ئېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئاۋۋال سۆز قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «بىز ئىنسانلار ئۈچۈن زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىپ بېرىمىز، لېكىن ئۇلار دائىم بىزگە قورال تەڭلەيدۇ، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرساق بولار؟»

بىر قۇشقاچ ئېتىزغا زەھەرلىك دورا چېچىپ، ئىنسانلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىكەن، پادىشاھ رەت قىلىپ: «ھەممىسى زەھەرلەنسە، بىز نېمە يەيمىز؟ مېنىڭچە، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئىنسانلار ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورال.» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇشقاچلار بەس - بەس بىلەن ئوۋ مىلتىقىنى ئەيىبلەشكە باشلاپتۇ.



# ناغرا بىلەن تەشتەك

ناغرا بىلەن تەشتەك دائىم بىللە يۈرىدىكەن ، تەشتەك بىر كۈنى ناغرىغا ئاچچىقلاپ مۇنداق دەپتۇ :

— سەن ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە بەك ئامراقىكەنسەن ، كەچكىچە داراڭ - دۇرۇڭ قىلىپ خەقلەرنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋالىسەن . ئەمەلىيەتتە خەقلەر ماڭا دىققەت قىلىشى كېرەك ئىدى .

— توغرا، — دەپتۇ ناغرا، — بىراق، خەقنى مەن جەلپ قىلىپ ئەكەلمىسەم، ساڭا كىم قارايدۇ؟





# مەلىكە ، پالۋان ۋە يولۋاس

مەلىكە بىر پالۋان يىگىتكە ياتلىق بولماقچى بوپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ ساداقىتىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ ، ئۇنىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ بېقىشىنى تەلەپ قىپتۇ. يىگىت غەزەپلەنگەن ھالدا:

— سىز يولۋاسنى مېنىڭدىنمۇ باتۇر ھەم تەڭداشسىز دەپ ئويلىغان بولسىڭىز ، شۇنىڭغىلا تېگىشىۋېلىڭ ، — دەپتۇ.



# ئانا شىرنىڭ يىغىن ئېچىشى

ئانا شىر ئورماندىكى ھايۋانلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپتۇ ھەمدە:

— مەن بەك ئالدىراش، بالامغا قارايدىغانغا ۋاقتىم چىقمايۋاتىدۇ، شۇڭا سىلەر مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرساڭلار بوپتىكەن، — دەپتۇ. ھايۋانلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ لام - جىم دېمەپتۇ. كېيىن، بىر توشقان ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن:

— شىر پادىشاھ، سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئەلۋەتتە باش تارتمايمىز. لېكىن سىز ئامراق بالىڭىزنىڭ بىزنى يەۋەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالامسىز؟ — دەپتۇ.





# چاشقاننىڭ خەۋىرى

بىر چىشى چاشقان كامارغا يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئەركەك چاشقانغا مۇنداق دەپتۇ:

— چاتاق بولدى، بىر مۈشۈك بىر خورازغا تىكىلىپ قاراۋاتىدۇ، ئۇنى يەپ قويامدىكىن دەيمەن.

ئەركەك چاشقان:

— نېمىگە ئۈركۈيسەن، خەقنىڭ ئىشى بىلەن نېمە كارىمىز؟ مۈشۈك بىزنى يېگىلى كەلمىسىلا، شۇنىڭغا شۈكۈر دېسەك بولىدۇ، — دەپتۇ.



# قارىغۇ بىلەن توكۇر

قارىغۇ بىلەن توكۇر بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ. قارىغۇ توكۇرنىڭ يول باشلاپ مېڭىشىنى تەلەپ قىپتۇ. توكۇر:

— بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ توكۇر ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن، شۇڭا يول ماڭالمايمەن، ئەگەر سەن مېنى يۈدۈۋالساڭ، ئىشىمىز ئاسان بولاتتى، — دەپتۇ. قارىغۇ نائىلاج ئۇنى يۈدۈپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ.



# پرومېتېئوس ۋە ئادەملەر

پرومېتېئوس زېۋسنىڭ پەرمانى بويىچە زېمىنغا ئادەم ۋە هايۋانلارنى ياراتقىلى كەپتۇ. زېۋس بىر قۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، هايۋانلارنىڭ ئادەملەردىن كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى هېس قىپتۇ - دە، پرومېتېئوسقا بەزى هايۋانلارنى يوقىتىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشقا پېتىنالمىغان پرومېتېئوس بەزى هايۋانلارنى ئادەم سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ قويۇش ئارقىلىقلا ئىشنى پۈتتۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار ئارىسىدا ئادەم تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغان هايۋان تەبىئەتلىك ئەبلەخلەر پەيدا بوپتۇ.





# شىر، تۈلكە ۋە ئېشەك

شىر، تۈلكە ۋە ئېشەك بىللە ئوۋ ئوۋلاپتۇ. شىر ئېشەكنى ئولجىلارنى تەقسىملەشكە بۇي- رۇپتۇ. ئېشەك ئولجىلارنى باراۋەر ھالدا ئۈچكە بۆلۈپتىكەن، شىرنىڭ غەزىپى كېلىپ ئۇنى يە- ۋېتىپتۇ ھەمدە تۈلكىنى ئولجىلارنى قايتىدىن تەقسىملەشكە بۇيرۇپتۇ. تۈلكە ئولجىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى شىرغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شىر را- زى بولغان ھالدا:

— بۇ تەقسىماتىڭ ئادىل بولدى، بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتكەن؟ — دەپتىكەن، تۈلكە:

— بۇنى ئېشەكنىڭ تەقدىرىدىن ئۆگەندىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# كالا ۋە ئۆچكە

بىر كالا شىرغا ئۇچراپ قېلىپ، بىر ئۆڭ-كۈرگە قېچىپ كىرىۋاپتۇ. ئۆڭكۈردە پادىچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ئۆچكە بار ئىكەن. ئۇ كالىنى مۈڭگۈزى بىلەن ھەدەپ ئۈسكىلى تۇرۇپتۇ. كالا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— ھازىرچە ساڭا ماقۇل دەپ تۇراي، چۈنكى، ئۆڭكۈرنىڭ سىرتىدا شىر بار. شىر كەتكەندىن كېيىن، زادى كىمنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ساڭا ئاندىن بىلدۈرۈپ قويىمەن، — دەپتۇ.



[General Information]
书名=狐狸请客　维吾尔文
SS号=40209948